# خرىستىئان دىنى

ئېنىقلىما:

بۇ دىن، ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئەۋەتىلگەن تەۋھىدكە، پەزىلەتكە ۋە ئەپۇچانلىققا چاقىرىدىغان تەۋرات تەلىماتلىرىنىڭ داۋامى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان رىسالىدىن ئېغىپ كەتكەن دىندۇر. بۇ ناھايىتى ئېغىر بېسىم ۋە قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن دىن بولۇپ، تېزلا ئۆزىنىڭ ئەسلىنى يوقىتىپ قويغان. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئۆزگەرتكۈچى قوللارنىڭ سوزۇلۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. نەتىجىدە، دىنسىز ئەقىدە ۋە پەلسەپىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن-دە، خرىستىئان دىنى مەيدانغا كەلگەن.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

خرىستىئان دىنى بىر قانچە باسقۇچ ۋە ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان دىنلىق ئورنىدىن ئۆزگەرتىلگەن، تېگىشتۈرۈلگەن بىر دىنغا يۆتكەلگەن. ئۇنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە بىر قىسىم راھىب ۋە سىياسەتچىلەر كۈچ چىقارغان. بۇ باسقۇچلارنى تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە قىسىملارغا ئايرىش مۇمكىن:

✽ بىرىنچى باسقۇچ:

ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان رىسالە بولۇپ، ئۇنى ئىسا ئىبن مەريەم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن:

- بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىسا ئىبن مەريەم ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن ئېغىپ كەتكەن، ئېزىپ كەتكەن ۋە ماددى ئىنتىلىشلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىۋالغان ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا نازىل قىلىنغان دىندۇر. ئۇلار ماددى ئىنتىلىشنىڭ غالىپ كېلىشى سەۋەپلىك نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى-دە، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىنسانىنىڭ غايىسى پەقەت دۇنيا ھاياتىدۇر، ئاخىرەت، جەننەت ۋە جەھەننەم، دەيدىغان بىر نەرسە يوق، دېگەن قاراشقا ئىشىنىدىغانلارمۇ، ساۋاب ۋە جازانىڭ پەقەت دۇنيا ھاياتىدىلا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سالىھ كىشىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى دۇنيانىڭ پادىشاھ ۋە قازىلىرى بولۇشى ئۈچۈن كىشىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كېلىدىغان مەسىھ (ئىسا ئەلەيھىسسالام) نىڭ پادىشاھلىقىغا ئورتاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىرىمۇ مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ

www.munber.org

ئارىسىدا يەنە مەغپىرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەيكەلگە بىغىشلاپ نەزىر بىرىدىغان، قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت ۋە راھىبلارنىڭ رازىلىقى ۋە دۇئالىرىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت كاپالىتى بولىدىغانلىقىغا بولغان ئېتىقاد كەڭ ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئىنسانىنىڭ ئۆز ئەمەلىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاستىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا چاقىرىدىغان دەۋەت ۋە رىسالىسى كەلدى. بۇ دىن دۇنيادا زاھىدلىق قىلىشقا، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگەشىدىغان، مۇشرىكلاردىن ئەمەس بىر تەۋھىدچى پەيغەمبەر ئىدى.

- يەتكۈزگۈچىسى: ئىسا ئىبن مەريەم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئانىسى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ كاتتىلىرىنىڭ بىرى ئىمراننىڭ قىزى قىز مەريەمدۇر. ئانىسى ئۇنىڭغا ھامىلدار بولغاندا مەسجىدنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن. ئۇنى ھاممىسىنىڭ يولدىشى ۋە بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام كاپالىتىگە ئالغان. مەريەم، ئاللاھدىن قورقىدىغان، كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەر كىشىسىزلا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلە بولدى ۋە پەلەستىننىڭ بەيت لەھىم شەھرىدە ئۇنى تۇغدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسىغا چاپلىغان زىنا بوھتىنىدىن پاك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بۆشۈكتە چېغىدىلا سۆزلەتكۈزدى. دېمەك ئۇنىڭ تۇغۇلىشى، ماددىي ھاياتقا بېرىلىپ كەتكەن، سەۋەب بىلەن سەۋەب بولغۇچىنى باغلاپ ئادەتلىنىپ قالغان ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا "ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر زات" ئىكەنلىكى بىلىشلىرى ئۈچۈن ئىبرەت دەرسى بېرىدىغان ھەيران قالارلىق يوسۇندا رويابقا چىقتى.

- ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قاتار مۆجىزىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپ، ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى. ئۇ لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسىنى ياسايتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيتتى-دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولاتتى. يەنە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتى، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەتتى. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يەيدىغان ۋە ساقلايدىغان يېمەكلىكلىرىدىن خەۋەر بېرەتتى (يەنى ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى).

ئاللاھ تائالا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئۇلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۈچۈن بايرام بولۇپ قالسۇن، دەپ ئاسماندىن ئۈستىدە تاماقلار بار داستىخانلارنى چۈشۈرۈپ بەردى.

www.munber.org

- يەھۇدىيلار چوڭ راھىب كايافاسنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۈيقەست قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى پەلەستىننىڭ رومانلىق ھاكىمى بىيلاتىسنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتتى. بىيلاتىس دەسلەپتە ئۇلارغا سەل قاردى، كېيىن، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يالغان سۆز-چۆچەكلەرنى توقۇپ، ئۇنىڭ ( ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۆزىنى پادىشاھ مەسىھ دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، قەيسەرگە (پادىشاھ)قا باج تۆلەشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇ ئەھۋال ھاكىمنىڭ ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىشى ۋە ئۆلۈم ھۆكۈمى ئېلان قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنىڭ كۆزىدىن يىراقلاشتى. بىراق، يېقىنلىرىدىن بىرى رومان ئەسكەرلىرىگە ئۇنىڭ بار يېرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئاللاھ تائالا باشقا بىرىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويدى (بەزىلەر ئۇ كىشىنىڭ يەھۇزا ئىسخىريوتي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، بەزىلەر باشقىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ) شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا ئۇ كىشىنى كىرىستا مىخلاپ ئۆلۈمنى ئىجرا قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا، كىتاب ۋە سەھىھ سۈننەتتە كۆرسىتىلگىنى بويىچە، قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ، ئىسلام بىلەن ھۆكۈم قىلىشى، چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈشى، كىرىسنى سۇندۇرۇشى، ئارقىدىن ۋاپات بولۇشى ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈردى.

- ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋتىگە نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان كەلتۈرگەن. ئەمما ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان ئون ئىككى كىشىنى (ھەۋارىيلارنى) تاللىغان. ئۇلار "مەتتا" ئىنجىلىدا زىكىر قىلىنغان.

- بۇلاردىن باشقا يەتمىش دانە ئەلچى بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خوشنا يېزىلاردا خرىستىئان دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن تاللىغان، دېگەن قاراشمۇ ئىلگىرى سۈرىلىدۇ.

✼ ئىككىنچى باسقۇچ:

بۇ باسقۇچنى چىركاۋ تارىخچىلىرى رەسۇل دەۋرى، دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ دەۋر مىسسىئونىرلىق ۋە ئېغىشنىڭ باشلىنىشى، خرىستىئانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغىچە داۋاملاشقان بېسىمغا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

✼ مىسسىئونىرلىق ۋە ئېغىشنىڭ باشلىنىشى:

ئىسا ئەلەيھىسسالام كۆتىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە خۇسۇسەن ھەۋارىيلىرىغا بولغان زۇلۇم ۋە ئازار بېرىشلەر ئەۋجىگە چىقتى؛ يۇھەننا سەيىيادىنىڭ قېرىندىشى يەئقۇب ئىبن زۇبدى قەتل قىلىندى، بۇ ھەۋارىيلار ئىچىدىن تۇنجى قەتل قىلىنغان كىشى ئىدى. بوتروس تۈرمىگە تاشلاندى، بارلىق ئەلچىلەر

www.munber.org

قىينالدى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى غايەت زور مۇسىبەتلەرگە دۇچ كەلدى، ھەتتا بۇ دەۋەت يوق بولۇپ كىتىشكە تاس- تاماس قالدى.

مۇشۇنداق ئەنسىزلىق قاپلىغان بىر پەيتتە، ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە مەدرىسلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر يەھۇدىي ئۆلىماسى ئەمالائىلىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئەڭ ئېغىر ئازابلارنى سالغان فۇرەيسىلىك يەھۇدىي شاۋۇل تەرسۇسىي دەمەشىقتىن قايتىشىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنلىكىنى، ئەگەشكۈچىلىرىگە قىلغان زۇلۇملىرىنى ئەيىپلىگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەلىماتلىرىنى كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىشقا بۇيرىغانلىقىنى داۋا قىلغىنىدىن كىيىن، ئۆزىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى ئىلان قىلدى. بۇ ئەھۋال ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى سۆيۈندۈردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇۋۇلغا ئىشەنمىگەن ئىدى، بەرنابا ئەلھەۋارىي ئۇنى ھىمايە قىلدى ۋە ئۇنى ھەۋارىيلارنىڭ قىشىغا باشلاپ باردى. نەتىجىدە ھەۋارىيلار ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئۆتكۈرلىكى، ئەقىللىكلىكى ۋە ئاكتىپلىقى سەۋەپلىك ھەۋارىيلار ئارىسىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولالىدى ۋە بولىس، دەپ ئاتالدى.

ھەۋارىيلار، بۇرۇن ئۇنسۇرە بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بەيتۇل مۇقەددەسكە بارغان چىغىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى بىلەن تونۇشۇپ چىققان خوشنا ئەللەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئاتلاندى. خرىستىئانلارنىڭ تارىخ كىتابلىرى مەتتانىڭ ھەبەشىستانغا بارغانلىقىنى ۋە ئۇيەردە بىر چىركاۋ تەسىس قىلىنىپ، ئېپىسكوپلارنى تەيىنلەپ بولغاندىن كىيىن، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋىتىلگەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، مەرقىسمۇ ئىسكەندەرىيىيەدە روما چىركاۋىنى تەسىس قىلغان بوتروسنىڭ يولىيۇرۇقى بىلەن بىر ئىلاھىيەت مەدرىسىسى ۋە چىركاۋ تەسىس قىلغاندىن كىيىن ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن، يەنى مىلادى 62-يىلى نىيرون دەۋرىدە قەتل قىلىنغان.

- ئەمما بولىس روما، ئەفسس، ئاتىنا، ئانتاكىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان ۋە ئۇ يەردە ئىروسالىم چىركاۋىغا ئوخشاپ كىتىدىغان خرىستىئان چىركاۋلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئېپىسكوپلارنى تەيىنلىگەن. بەرنابا بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ئانتاكىيەدىكى بىر قېتىملىق سەپىرىدە، تەۋرات شەرىئىتىنىڭ ئەگىشىدىغان ئۈمەمىيلارنى يامان كۆرۈش مەسىلىسىدە چىركاۋ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقىغان ۋە ئىختىلاپنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەسىلىنى ھەۋارىيلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەيتۇلمۇقەددەسكە قايتقان.

✻ ئېغىشنىڭ باشلىنىشى:

-مىلادى 51-يىل بىلەن 55-يىللار ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق ھەۋارىيلارنى بىر ئورۇنغا توپلايدىغان مەجلىس -ئىروسالىم مەجلىسى- ئۈمەمىيلارنى ئايرىپ قويۇش داۋاسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يەئقۇب ئىبن يۇسۇف ئەننەججار (مىلادىينىڭ 62-

www.munber.org

يىلى رەجىم قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن) رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلدى. بۇ يىغىندا (ئىككى مەنپەئەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەمەل قىلىش ئاساسىدا) يەھۇدىيلاردىن باشقىلارنىڭ ئەگەر مەقسەتلىرى بۇتپەرەستلىكتىن قورتۇلۇش بولسا، تەۋرات شەرىئىتىنى تۇتۇپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇستەسنا قىلىشقا بولىدىغانلىقى كېيىنكى مەزگىللەردىكى تەۋرات شەرىئىتىنى مەجبۇرلاشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى سۈپىتىدە ماقۇللاندى. بۇ يىغىندا زىنانىڭ ، بوغۇلۇپ ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ، قاننىڭ، بۇتلارغا بېغىشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ماللارنىڭ گوشلىرىنىڭ هاراملىقى ماقۇللاندى. ئەمما تەۋراتتىن هارام قىلىنغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، هاراق، توڭغۇز گۆشى ۋە جازانە مۇباھ قىلىپ بېكىتىلدى.

- بولس بەرنابا بىلەن بىرلىكتە ئانتاكىيەگە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلدى. قىسقا مۇددەت بىرلىكتە تۇرغاندىن كېيىن، بولسىنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئېلان قىلىنىشى، تەۋرات ھەققىدە "ئۇ بىر لەنەت ئىدى، ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك قوتۇلدۇق"، "مەسىھ كونا ئەھدىنى يېڭى ئەھدىكە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن" دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە يونان پەيلاسوپلىرىنىڭ كەلىمە ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋەياكى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئىلاھنىڭ زېمىن بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلىق ئىدىيىسىنى ئىستىئارە ئېلىشى، بۇنىڭغا ئاساسەن كىرىس ۋە پەيداكارلىق ئەقىدىسى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىشى ۋە ئاسمانغا ئۆرلىشى، قىيامەت كۈنى كىشىلەردىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشى.. قاتارلىقلار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى نەتىجىسىدە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېغىر ئىختىلاپلار يۈز بېرىپ، ئايرىلىپ كېتىشكەن. بۇلس ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان بوترۇس بىلەن ئوخشاش ئىشنى تەكرارلىغان. بوتروس ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتكەن. شۇنىڭ بولس غولاتىيە ئەھلىگە ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە پرىنسىپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بىر پارچە رىسالە يازغان. بۇلاردىن كېيىن ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا ۋە كىچىك ئاسىيالارغا قاراتقان سەپىرىنى باشلىغان. ئاخىرىدا، مىلادىيەنىڭ 65-يىلى نېيرون دەۋرىدە رومادا ئۆلگەن.

دەسلەپكى ئۈچ ئەسىر بويىچە بولسىنىڭ پىكىرلىرىگە نىسبەتەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش داۋاملاشقان: مىلادىي ئىككىنچى ئەسىردە ھيولتس، ئېيبىي ۋە ئورگىين قاتارلىقلار قارشى تۇرغان ۋە بولسىنىڭ ئەلچىلىكىنى ئىنكار قىلغان. ئۈچىنچى ئەسىرگە كەلگەندە بولس شەمشاتىي ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۇنىڭغا بولسىنىڭ پىرقىسى ئەگەشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى چەكلىك بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ تەۋرات شەرىئىتىدىن ئايرىلىش باسقۇچى باشلانغان ۋە خرىستىئان دىنىغا ئۈچ بىر گەۋدە ۋە بوتپەرەستلىك ئورۇقلىرى چېچىلغان. ئەمما باشقا ھەۋارىيىن ۋە ئەلچىلەر دىن تارقىتىش ئۈچۈن بارغان شەھەرلەردىكى بۇددىستلارنىڭ قولىدا قەتل قىلىنغان.

www.munber.org

✽ زورلۇقنا ئۇچراش دەۋرى:

بۇ دەۋەت دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كىرگۈزىۋالغان يەھۇدىيلار ۋە ھۆكۈمدارلىق ۋە كونترول قىلىش كۈچىگە ئىگە رومانلارنىڭ زەنجىرسىمان شەكىلدىكى قاتتىق ئازاب ۋە بېسىملىرىغا دۇچ كەلگەن. پەلەستىن ۋە مىسىردىكى خرىستىئانلارنىڭ بۇ خىل قىيىن- قىستاقلاردىن ئالغان نەسىۋىسى باشقىلارغا قارىغاندا ئېغىر ئىدى. قىيناش، ئۆلتۈرۈشمۇ ياغاچلارغا ئارتىپ قويۇش، ھەرە بىلەن ھەرىدەش، سۆڭەك بىلەن گوشنىڭ ئارىسىنى تىلىش، ئوتتا كۆيدۈرۈشكە ئوخشىغان ھەر خىل شەكىللەرگە ئىدى ئىدى.

- ئەڭ زوراۋان ۋە قورقۇنچلۇق زورلۇقلارنىڭ بىر قىسمى:

1- مىلادىي 64-يىلىدىكى نېيروننىڭ زورلۇق قىلىشى. بۇنىڭدا بوتروس ۋە بولىس ئۆلتۈرۈلگەن.

2-مىلادىي 90-يىلىدىكى دىمتيانوسنىڭ زورلۇق قىلىشى. بۇ مەزگىلدە ئىفسستا يۇھەننا ئۆزىنىڭ يونان تىلىدىكى ئىنجىلىنى يېزىپ چىقتى.

3- مىلادىي 106-يىلىدىكى تراجاننىڭ زورلۇق قىلىشى. بۇ مەزگىلدە ئىمپېراتور خرىستىئانلارنى يوق قىلىش، كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بۇيرۇق چىقاردى. نەتىجىدە قورقۇنلۇق قىرغىنچىلىق يۈز بەردى، بۇ قىرغىنچىلىقتا ئىرۇسالىم ئېپىسكوپى يەئقۇب ئەلبار ئۆلتۈرۈلدى.

4- بۇ زورلۇقلارنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك، ئەڭ قورقۇنچلۇقى مىلادىي 284-يىلى ئىمپېراتور دەقلىديانوس تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.دەقلىديانوس قان ئېتىنىڭ تىزىغا چىقمىغۇچە خرىستىئانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچمەسلىككە بەل باغلىدى ۋە نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ چىركاۋلارنى يىقتىپ تاشلىدى، كىتابلارنى كۆيدۈردى ۋە خرىستىئانلارغا ھەرخىل ۋە رەڭگارەڭ ئازابلارنىڭ تەمىنى تېتىتتى. بۇ ئەھۋال مىسىردىكى قىبتىي خرىستىئانلىرىنىڭ شۇ قېتىمقى قۇربانلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن مىلادىيە 284-يىلى، 29- ئاۋغۇستنى ئۆزلىرىنىڭ كالىندارىنىڭ باشلىنىش يىلى قىلىپ بېكىتىشىگە سەۋەب بولدى.

- زوراۋانلىق تاكى ئىمپېراتور گالىيرنىڭ خرىستىئانلارنى ئەپۇچان بولۇش پىكرىگە بوي ئەگكىنىگە قەدەر بالداقمۇ بالداق ئۆرلىگەن ھالدا داۋام قىلدى. ئەمما ئۇ، بۇ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن ئۆلدى ۋە ئىمپېراتورلۇق تەختىنى كونستانتىنغا بوشىتىپ بەردى.

- كونستانتىن ئاتىسىنىڭ خرىستىئانلار بىلەن بولغان ياخشى ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىمپېراتورلۇقنىڭ شەرقىي قىسمىنى پەتھى قىلىشتا قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى. نەتىجىدە خرىستىئانلارنىڭ دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكىنى، دىنىنىڭ قانۇنلۇق

www.munber.org

ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ رومان ئىمپېراتورلۇقى دائىرىسىدىكى باشقا دىنلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتا ئىكە ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان مىلان باياناممىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇلارغا چېركاۋلارنى بىنا قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، خرىستىئانلار تارىخىنىڭ ئەڭ ناچار باسقۇچى ئاخىرلاشقان بولدى. ئەمما خرىستىئان تارىخىنىڭ شۇ ناچار باسقۇچىدا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلى يوقاپ كەتتى، ھەۋارىيلار، ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلدى، مەسىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت خرىستىئانلارنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىنىڭ شارائىتىنى ھازىرلايدىغان تەۋرات شەرئىتىدىن ئېزىش، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش باشلاندى ۋە خرىستىئان، ئىسمى ئوتتۇرىغا چىقتى.

✽ راھىبلىق ۋە موناستىرلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە پەلسەپىنىڭ خرىستىئان دىنىغا تەسىر كۆرسىتىشى:

بۇ باسقۇچتا بىرىنچى بولۇپ خرىستىئان دىنىدىكى راھىبلىق مىسىردا ئەزىز بولس ئەتتىبىي (241-356م) ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەسىرداش ياشىغان ئەزىز ئەنتۇانلار ئارقىلىق زورلۇقنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما موناستىرلىق ھەرىكىتىمۇ 315-320م يىللىرى يەنە مىسىر ئىگىزلىكىدە مەيدانغا كەلدى. بۇنى ئەزىز باخوم تەسىس قىلدى. موناستىرلىق ئۇيەردىن شام ۋە كىچىك ئاسىيالارغا تارقالدى. ئەينى زاماندا ئەزىز كاسلىيان (370-425م) ۋە مارتىن توربي (316-378م) لار ئارقىلىق غەربى ياۋروپاغىمۇ كىردى. بۇلاردىن باشقا ئىسكەندەرىيىيە پەلسەپە مەدرىسىسى (يېڭى ئەپلاتونچىلىق مەدرىسىسى) ۋە گىنوسىيىيە پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كلىمىنت ئىسكەندەربي (150-215م)، ئورىيگانوس (185-245م) ۋە باشقىلار كەبى بىر گۇرۇپ ئەب (ئىلاھ) لەر مەيدانغا چىقتى.

✽ خرىستىئانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى:

چېركاۋ تارىخچىلىرى خرىستىئانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئاتالغۇسىنى ئىمپېراتور كونىستانتىنپولنىڭ مىلادىي 312-يىلى رومان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلانغان جەريانغا قارىتىپ قوللىنىدۇ. بۇ ۋاقىت بىلەن خرىستىئان تارىخىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ دەۋرنىمۇ ئاساسلىق ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

✽ ناسارالارنى بىر ئەقىدىگە توپلاش باسقۇچى (توپلىنىش ياكى تالاش- تارتىش ۋە مۇنازىرە باسقۇچى):

كونىستانتىنپول مىلان بايانناممىسىنى ئېلان قىلىش بىلەن خرىستىئانلارنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇلارغا ئىمپېراتورلۇق قەسىرىدىكى يۇقىرىقى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئەپۇچانلىقنى ئىزھار قىلدى، چېركاۋلارنى بىنا قىلىپ بەردى. كونىستانتىنىنىڭ ئانىسى ھېلىينا مۇقەددەس كىرىسنىڭ بايقالغانلىقىنى داۋا قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى دۆلىتىنىڭ بۇددىزمغا ئائىت گىرىبىنىڭ يېنىغا گىرىپ قىلىپ ئاستى. خرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىش جانلىنىپ، نۇرغۇن



www.munber.org

بۇددىستلار ۋە پەيلاسوپلار خرىستىئان دىنىغا كىردى. بۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئەقىدە ۋە داۋالغۇپ تۇرىدىغان قاراشلار، بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىنجىللارنىڭ مەيدانغا كىلىشىدە كۆرىنەرلىك تەسىرى بولدى. ئۇ مەزگىلدە ئەللىكتىن ئارتۇق ئىنجىل ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ھەممە پىرقە ئۆزلىرىنىڭ ئىنجىلىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىپ، باشقا ئىنجىللارنى ئىنكار قىلاتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئانىسى ئىلاھلاشتۇرغان ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىلا ئىلاھلاشتۇرغان ۋەياكى ياخشى ئىلاھ، يامان ئىلاھ ۋە ئوتتۇراھال ئىلاھتىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھنىڭ بارلىقىنى داۋا قىلىشقانلارنىڭ (مەرقىيلارنىڭ قارىشى) ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئوخشىمىغان ئەقىدە ۋە تۇراقسىز قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇرۇپ، ئىسكەندەرىييە چىركاۋىنىڭ راھىبلىرىنىڭ بىرى ئاريۇس: ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزەلىي ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ بىر ئاتىدىن يارالغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، بالىنىڭ ماھىيەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا ئاتا بىلەن ئوخشاش بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاراشلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر توپلىنىشقا باشلىنىدى، ئىمپىراتورلۇقنىڭ شەرقى قىسمىدا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيدى. ئۇنىڭ "تەۋھىدچى" مەزھىبى مىسىر، ئىسكەندەرىييە، ئەسيۇت، پەلەستىن، ماكىدونىيا، كونىستانتىنپول، ئانتاكىيە، بابىل چىركاۋلىرىنى ئىگەللىدى. بۇ ئەھۋال ئىسكەندەرىييە پاترىگى بوتروسنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتتى، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇدى ۋە چىركاۋدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بوترىيرك ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شەمماس ئىسناسيوسمۇ بو ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلدى. مىلادىي 325-يىلى ئىمپىراتور كونىستانتىن دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ خىل قاراشتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيالايدىغان بىر ئەقىدىگە يىغىنچاقلاش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك بىر كېڭەش يىغىنى چاقىرىشقا بۇيرۇق چىقاردى. نىيقىيادا 2048 ئېپىسكوپ توپلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن 338ى مەسىھنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىغىن ئىمپىراتورنىڭ ئىيسانىڭ ئىلاھلىقى ئىدىيىسىگە مايىل بولۇشى ۋە تۆۋەندىكى قارارلارنى ئېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى:

1- تەۋھىد ئىدىيىسىنى كۆتىرىپ چىققان ئاريۇسنى لەنەتلەش، ئۇنى سۈرگۈن قىلىش ۋە كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋە مەسىھنىڭ ئىلاھلىقىنى ھۆججەتلەشتۈرىدىغان ئەسناسيۇس ئىمان قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىش.

2- چىركاۋ ئىشلىرى ۋە ئەكلىريوس بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس ھۆكۈملەرنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن 20 ماددىلىق قانۇن تۈزۈپ چىقىش.

3- پەقەت "مەتتا"، "لوقا"، "مەرقس" ۋە "يۇھەننا"دىن ئىبارەت تۆتلا ئىنجىلنى ۋە كونا، يېڭى ئەھد رىسالىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، قالغان ئىنجىللارنى يىغىن ئەھلىنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن كۆيدۈرۈپ تاشلاش.



www.munber.org

- ئىمپېراتورلۇقنى يىمىرىلىشى ۋە يېقىلىشىغا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن مىلادىي 324-يىلى يوناندىكى قەدىمكى بىزانتىيەدە قەدىمكى رومانىڭ شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ بىر يېڭى روما شەھرىنى بىنا قىلدى. بۇ شەھەرگە ئاياسوفىيا ئىسىملىك ناھايىتى چوڭ بىر چىركاۋ تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا مەرتىۋە جەھەتتە ئىسكەندەرىييە ۋە ئانتاكىيەدىكى پاترىئارخلار ئوخشاش بىر پاترىئارىخ تەيىنلىدى ۋە ئىمپېراتور چىركاۋنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەئىسى بولدى. بۇ شەھەر كېيىنچە كونىستانتىنپول، نامى بىلەن تونۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەھەر روم شەھىرى، چىركاۋغا بولسا، شەرقىي روم چىركاۋى ياكى روم ئورتودوكس چىركاۋى، دەپ ئاتالدى.

- پايىتەختنى يېڭى روماغا (كونىستانتىنغا) يۆتكەشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى سۈپىتىدە كونىستانتىن كونىستانتىنپوللىقلار ۋە ئىمپېراتورنىڭ شەرقى قىسمى ئەقىدىسىنى تۈتۈپ ماڭىدىغان ئارىيۇس بىلەن ئۈچىراشتى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ رايۇنلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشنى ئۆتۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور ئارىيۇسنىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مىلادىي 334-يىلى ئارىيۇسنىڭ ئەقىدىسىنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ، نىيقىيا كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئارىيۇس ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنغانلىقىنى ماقۇللاش، شۇنىڭدەك ئاسناسيوسنى لەنەتلەش ۋە سۈرگۈن قىلىش ئۈچۈن سور كېڭەش يىغىنى چاقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىمپېراتور كونىستانتىننىڭ ياردىمى بىلەن ئارىيوسنىڭ تەلىماتلىرى تېخىمۇ كۆپ تارقالدى.

◀ سىياسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈش باسقۇچى:

- كونىستانتىن مىلادىي 337-يىلى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمپېراتورلۇقنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى: كونىستانتىن ئىككىنچى غەربنى، كوستانتيوس شەرقنى ۋە كونىستانس شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز ئېلىدە ئومۇملاشقان مەزھەبنى ھىمايە قىلىش يولىغا ماڭدى. كوستانتيوس ئارىيۇسى مەزھىبىنى كۈچلەندۈرۈش تەرەپكە، قېرىندىشى كونىستانتىن ئىككىنچى ئاسناسيوس مەزھىبىنى راۋاجلاندۇرۇش تەرەپكە يۈزلەندى. بۇ ئەھۋال يونان شەرقى بىلەن لاتىن غەربىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاساسىنى ياراتتى.

- كونىستانتىن ئىككىنچىنىڭ ۋاپاتى ۋە كونىستانسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، ئىمپېراتورلۇق كوستانتيوسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا (353-361م) بىرلەشتى. كونىستانتىن ئىككىنچى ئىمپېراتورلۇقنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى بارلىق جايلىرىغا ئارىيۇسى مەزھىبىنى تېڭىش ئۈچۈن مۇھىم پۇرسەتكە ئېرىشتى. بىراق بۇ ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملاشمايلا، ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ۋلوديوس (353-361م) چىقتى. ۋلوديوس ئارىيۇسى مەزھىبىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەگەشكۈچىلىرىنى

جازالاش بىلەن بىرگە ئاسناسيوس مەزھىبىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ئىلاھلىقى ئىنكار قىلىش چاقىرىقلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. نەتىجىدە مىلادىي 382-يىلى بىرىنچى كونستانتىنپول كېڭەش يىغىنى چاقىرىش ماقۇللاندى ۋە بۇ كېڭەش يىغىنىدا ئىمپېراتور ئارىيۇسى مەزھىبىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قاتتىق جازالارنى يۈرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ ئۇنىڭدا يەنە مۇقەددەس روھنىڭ ئاللاھنىڭ ھاياتى ۋە روھى ئىكەنلىكى ماقۇللاندى ۋە نىيقىيا ئىمان قانۇنىغا ئىلاۋە قىلىندى. ماكدىنيوسقا ئوخشاش ئۇنى ئىنكار قىلغانلارغا لەنەت قىلىندى. بۇلاردىن باشقا چېركاۋنىڭ تۈزۈم ۋە سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن- نىزاملار ماقۇللاندى.

✽ پاپالىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى:

- ئىمپېراتورلۇقنىڭ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىشىدىن كېيىن، غەربىي ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئاجىزلىشى نەتىجىسىدە دۆلەت ئىشلىرى بىلەن چېركاۋنىڭ مۇناسىۋىتى ئايرىپ تاشلاندى. ئەمما شەرقىي ئىمپېراتورلۇقتا ئەھۋال ئەكسىچە بولۇپ، بۇ يەردە ئىمپېراتور كونستانتىن پاپالار ئىمپېراتورلۇقى پرىنسىپىنى مۇستەھكەملىگەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە روما ئېپىسكوپلىرىنىڭ نۇپۇزلىرى ئارتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۇرسى غەرب خرىستىئان ئالەمىدىكى (روما، قەرتاجە) چېركاۋلارغا ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان پاپالىق كۇرسىسىغا ئۆزگەردى. پاپا داماسوس بىرىنچى (366-384م) روما ئېپىسكوپلۇق كۇرسىنىڭ ئورنىنى (پاپالار ھۆكۈمرانلىقىنى) گەۋدىلەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ مەزگىلىدە ئىنجىل لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئارقىدىن پاپا سىيرى كيوس (384-399م) پاپالىققا دائىر قانۇنلارنى يېزىشتا داماسوس بىرىنچىگە ۋارىسلىق قىلدى.

✽ ئىككى چېركاۋنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى رىقابەت ۋە سۈركىلىشىنىڭ باشلىنىشى:

- دىنىي مىراسخورلۇقنى داۋا قىلىدىغان روما چېركاۋى بىلەن دۆلەتنىڭ پايتەختى ۋە مىلادىي 431-يىلى ئەفەس بىرىنچى كېڭەش يىغىنىي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ مەركىزىدىكى كونستانتىنپول چېركاۋى ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ۋە سۈركىلىش مەيدانغا كەلدى. نېستور كونستانتىنپول ئېپىسكوپلىرىنى ئىلاھىي تەبىئەتنى مەسىھ ئەلەيھىسسالامدىكى ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئايرىۋېتىشكە چاقىردى. نەتىجىدە، ئىلاھ تۇغۇلمىغان، كىرىستقا مىخلانمىغان، ئىنسانلار بىلەن بىرگە تۇرمىغان، مەسىھ ئىلاھى ۋە ئىنسانىيلىقتىن ئىبارەت بىر- بىرىدىن ئايرىم ئىككى خىل تەبىئەتكە ئىگە، ئەمما ئۇ ئىلاھ ئەمەس، ئۇنىڭ ئانىسىنمۇ ئىلاھنىڭ ئانىسى، دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ، دېگەن يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. كېڭەش يىغىنىغا كىچىك ئىمپېراتور سائودىيوسنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئىككى يۈز ئېپىسكوپ قاتناشتى ۋە بۇ يىغىن نېستورغا لەنەتلەش ۋە ئۇنى سۈرگۈن قىلىش، شۇنىڭدەك ئىمان قانۇنىغا

www.munber.org

ھەرزىتى مەريەمنىڭ ئىلاھنىڭ ئانىسىنى ئىكەنلىكىنى كىرگۈزۈش بىلەن ئاخىرلاشتى.

- ئارتاخىپىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدا ئىككى خىل تەبىئەتنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى داۋا قىلىشى سەۋەپلىك كونىستانتىنپول ئېپىسكوپى ۋېلاۋىيانوس بىر يەرلىك كېڭەش يىغىنى چاقىردى. بۇ يىغىندا ئارتاخىپىنى چىركاۋدىن چىقىرىۋېتىش ۋە ئۇنى لەنەتلەش قارار قىلىندى؛ ئەمما كىچىك ئىمپىراتور سائودىيوس ئارتاخىپىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، سۆتنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۈچۈن قارار چىقىرىپ، مىلادي 449-يىلى پاترىگ ئىسكەندەر دىسقورس رەھبەرلىكىدە ئىككىنچى ئەفەس كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ يىغىن ئارتاخىپىنىڭ يۈكلەنگەن جىنايەتلەردىن ئاقلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

✽ چىركاۋنىڭ مەزھەب جەھەتتىن بۆلۈنىشى:

- روما ئېپىسكوپى لىيو بىرىنچى 449-يىلى چاقىرىلغان ئەفەس ئىككىنچى كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە ئىمپىراتور مىركيانوسنىڭ ئۇ قېتىملىق كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا قايتا قاراپ چىقىش ئۈچۈن باشقا بىر كېڭەش يىغىنى چاقىرىشىغا كۈچ چىقاردى. ئىمپىراتور كونىستانتىنپولدا، ئارقىدىن 451-يىلى كەلكىدونىيەدە ئىسكەندەرىيىيە پاپاسى دىسقورسنىڭ "مەسىھنىڭ بىر تەبىئەت ئىچىدە ئىككى خىل تەبىئىتى بار" دېگەن قارىشىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىن چاقىرىشقا قوشۇلدى. بۇ كېڭەش يىغىنىدا دىسقورس ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغان بارلىق كىشىلەر لەنەتلەندى، دىسقورس سۈرگۈن قىلىندى، مەسىھنىڭ ئايرىم- ئايرىم ئىككى خىل تەبىئىتى بارلىقى ماقۇللاندى. بۇ ئەھۋال مىسىر چىركاۋنىڭ بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى يىغىنلارنى ئېتىراپ قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ مىرقەسىيىيە ياكى قىبتىيىيە چىركاۋى (ئورتودوكس چىركاۋى) نامىنى قوللانغان ئىسكەندەرىيىيە پاترىگى رىياسەتچىلىكىدىكى مۇستەقىل بىر چىركاۋ سۈپىتىدە ئايرىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرگە ھەبەشىستان چىركاۋى ۋە باشقىلارمۇ ئايرىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن غەرب چىركاۋىدىن مەزھەب جەھەتتىن ئايرىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئەمما ئىروسالىم ئورتودوكس چىركاۋى كەلكىدونىيە كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، يۇفىنالىس رەھبەرلىكىدىكى مۇستەقىل بىر مەركەزگە ئايلاندى.

✽ يەئقۇبىييە چىركاۋنىڭ مەيدانغا كىلىشى:

- ئىمپىراتور جىستىنيان (527-565م) ئىمپىراتورلۇق ۋە پاپالىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىمپىراتورلۇق تەۋەسىدىكى ئىككى مەزھەبنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەتكۈدەك قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كەلدى. ئىتالىيەدە غەلىبە قازىنىپ، ئەسكەرلىرى روما كىرگەندىن كېيىن پاپا فىجلىيوسنى بىر تەبىئەت قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئايالىنى ماقۇل



www.munber.org

كەلتۈرۈشكە ئورۇندى. ئەمما ئۇ بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىپ، كونىستانتىنپولغا ئەۋەتىلىشى ۋە مىلادىي 553-يىلى كونىستانتىنپول بەشىنچى قېتىملىق كېڭەش يىغىنى چاقىرىلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ كېڭەش يىغىنى بىر تەبىئەت مەزھىپىنى يوللۇق، دەپ قاراش، روھلارنىڭ كۆچۈدىغانلىقى پىكرىدىكى كىشىلەرنى لەنەتلەش ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىيالىي ئەمەس، ھەققىي سالاھىيىتى بارلىقىنى ئويغۇن كۆرۈش بىلەن ئاخىرلاشتى.

- بۇ كېڭەش يىغىنىنىڭ ئىزلىرىنىڭ بىرى بىر تەبىئەت مەزھىبى تەرەپدارلىرى ئايرىلىپ چىقىشى ۋە يەئقۇبىيە چىركاۋى نامىدا مۇستەقىل چىركاۋ قۇرۇش بولدى. بۇ چىركاۋ ئۇنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى، رىھا ئېپىسكوپى يەئقۇب بەرادئىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پاپالىقنىڭ شەرقى ئىمپېراتورلۇققا بولغان ئاداۋىتى تېخىمۇ ئاشتى.

✽ مارۇنىيلار چىركاۋىنىڭ مەيدانغا كېلىشى:

678-681- يىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ فەتھىي قىلىشى نەتىجىسىدە مىسىر ۋە شامدىكى بىر تەبىئەتچىلىك مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، ئىمپېراتور كونىستانتىن تۆتىنچى پاپا ئاجاسۇنىنى رازى قىلىشقا تىرىشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، يوھەننا مارونىنىڭ "مەسىھنىڭ ئىككى خىل تەبىئەت، بىر خىل ئىرادىسى بار" دېگەن سۆزى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن مىلادىي 680-يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق كونىستانتىنپول كېڭەش يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا مەسىھنىڭ "ئىككى خىل تەبىئەت ۋە ئىككى ئىرادىسى بارلىقى" ماقۇللاندى، بىر خىل تەبىئەت ۋە بىر خىل ئىرادە قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرنى لەنەتلەش ۋە سۈرگۈن قىلىش قارارى ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن مارۇنىيە تائىپىسىمۇ ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى بۆلۈنۈپ چىققان چىركاۋلار سېپىگە قېتىلدى.

✽ چىركاۋنىڭ ئىدارە جەھەتتىن بۆلۈنىشى:

بۇ بۆلىنىش، بىر گەۋدە ئېتىقادى بويىچە ئىبادەت قىلىشنى ھارام قىلغان، چىركاۋ، موناستىر ۋە ئۆيلەردىكى كىرىس، دىنى سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى بۇتپەرەستلىكنىڭ بىر تۈرىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېلىش تاشلاشقا بۇيرۇيدىغان باياناممىسىنى چىقارغان(ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى چىركاۋلاردىن بۇ تۈردىكى رەسىملەرنى ئېلىۋېتىشكە چاقىرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان) ئىمپېراتور لىيو ئۈچىنچىنىڭ دەۋرىدىن باشلانغان تارتىشىش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى.

- بۇ چاقىرىقتا پاپا گىرىگورىي ئىككىنچى قارشى تۇردى. ئارقىدىن ئۇنىڭغا گىرىگورىي ئۈچىنچى ۋارىسلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور سەقەلىيىيە، جەنۇبى ئىتالىيەلەردىكى ئېپىسكوپلۇق ماقاملىرىنىڭ پاپانىڭ دىنىي ۋە مەھكىمە



www.munber.org

ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كونىستانتىنپول سولتانلىقىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدىغانلىقىغا دائىر قارار چىقاردى. بۇ ئەھۋال تاكى كوستانتىن بەشىنچى (741ـ775م) تەختتكە ئولتۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسىملەرگە قارشى تۇرغۇچىلارغا، قارشى يېلىنجىغان ئىسيانلار كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كونىستانتىنپولدا رەسىم ۋە ئۇبرازلاشتۇرۇشنىڭ ھاراملىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا دائىر كېڭەش يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا پاپالىق قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭغا پەقەت كونىستانتىنپول پاترىگى رەھبەرلىكىدىكى 340 ئېپىسكوپتىن باشقا كىشى قاتناشمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق شەكىلدە مەسىھنىڭ رەسىمىنى ھارام قىلىش، مۇقەددەس كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە مەريەمدىن شاپائەت تەلەپ قىلىشنى ھارام قىلىش قاتارلىقلار بويىچە قارار ئالدى؛ چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەسلىكنىڭ بىر تۈرى ئىدى.

- ئەمما بۇ قارارلار ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى. چۈنكى يولدىشى ئىمپىراتور لىيو خىزرىيغا ۋارىسلىق قىلغان ئىمپىراتور ئىيرىن رەسىم ۋە ئۇبرازلاشتۇرۇشقا جان-جىگىدىن ھېرىسمەن خىرسىيوسنى كونىستانتىنپولنىڭ پاترىگى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن 787-يىلى نىيقىيا كېڭەش يىغىنىنى چاقىرىشقا بۇيرۇق چىقارغان ۋە بۇ يىغىن مەسىھ، ئانىسى ۋە مۇقەددەس كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش، ئۇلارغا قاراش ئارقىلىق ئۇ ھەقتە ئويلىنىشنى سەۋەب بولىدىغانلىق قارىشى بىلەن ئۇ تۈردىكى رەسىملەرنى چېركاۋلار، موناستىرلار، ئۆيلەر ھەتتا كوچىلارغا ئېسىش قاتارلىقلار ھەققىدە قارار ئېلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

- مىلادىي 869-يىلى كونىستانتىنپول پاترىگى فوسيوس مۇقەددەس روھنىڭ يالغۇز ئىلاھدىن كېلىپ چىققانلىقى مەسىلىسى بىلەن غولغۇلا قوزغىغان. بۇ قاراشقا ئادەتلەنگەن بويىچە روما پاترىگى قارشى چىققان ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ئىلاھ ۋە بالا (مەسىھ)نىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن كېلىپ چىققان، دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن 869-يىلى تۆتىنچى قېتىملىق كونىستانتىنپول كېڭەش يىغىنى (غەرب لاتىن كېڭەش يىغىنى) چاقىرىلغان. بۇ يىغىندا مۇقەددەس روھنىڭ ئىلاھ ۋە بالىدىن كېلىپ چىققانلىقى، دۇنيادىكى بارلىق خرىستىئانلارنىڭ روما پاپاسىنىڭ قارارلىرىغا بوي سۇنىدىغانلىقى، ھەر قانداق كىشى خرىستىئان دىنى ۋە ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر نەرسە بىلىشنى خالىسا، قاراشلىرىنى روما پاپاسىغا يوللىشى كېرەك، دېگەن قارارلار ماقۇللاندى. بۇنىڭغا ئاساسەن فوسيوس لەنەتلەندى، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرى مەھرۇم قىلىندى. بىراق فوسيۇس ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلدى. 879-يىلى ئالدىنقى قېتىملىق كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتىش، مۇقەددەس روھنىڭ يالغۇز ئىلاھدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ۋە ئاخىرقى قېتىملىقى 787-يىلى چاقىرىلغان يەتتە قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدىن

www.munber.org

باشقا بارلىق يېغىنلارنى ئېتىراپ قىلماسلىققا چاقىرىش مەقسىتىدە يونان شەرق (كونىستانتىنىپول بەشىنچى قېتىملىق) كېڭەش يېغىنى چاقىرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، كونىستانتىنىپول پاترىگى رىياسەتچىلىدە شەرقى چېركاۋنىڭ شەرقى ئورتودوكس چېركاۋي ياكى روم ئورتودوكس چېركاۋي نامى بىلەن مەزھەب جەھەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىشى تاماملاندى ۋە مۇقەددەس روھ يالغۇز ئىلاھدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشنى ياقلايدىغان مەزھەب بولۇپ مۇستەقىل مەزھەب بولدى. غەربى چېركاۋمۇ بوتروس كاتولىك چېركاۋى، دېگەن نام بىلەن ئۆزگىچىلىك ياراتتى. بۇلار روما پاپاسىنىڭ ئىمپىراتورلۇقنىڭ چېركاۋلىرىغا روھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى، بوتروس چېركاۋنىڭ بارلىق چېركاۋلارنىڭ ئانىسى ۋە ئۇستازى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلدى ۋە مۇقەددەس روھ ئىلاھ ۋە بالىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن پەرقلەندى. ئىدارە جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك بۆلۈنۈش 1054-يىلىغا كەلگەندە تاماملاندى. بۇنىڭ بىلەن يېغىلىشلارنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى رايون خاراكتېرلىك كېڭەش يېغىنلىرى ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇراش ئىشىنى تاماملاش ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن مەسۇم (گۇناھ سادىر قىلمايدىغان) پاپالارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىگەللىدى.

- بۇ ئاخىرقى باسقۇچنىڭ (ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ) ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بۇزۇقچىلىك، ئىلىم ۋە ئالىملارغا قارشى ئوت ئېچىش، ئۇلارنى كەمسىتىش، زورلۇق قىلىش ۋە پاپانىڭ گۇناھسىزلىقى، مەغپىرەت قىلىش ھەققىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار بولدى. بۇ ئەھۋال چېركاۋنىڭ چىرىكلىكىنى ئىسلاھ قىلىشقا چاقىرىدىغان قانچىلىغان ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئېلىپ باردى. چېركاۋ ئەھلىگە قارشى ئىسيان ھالىتىدە تۇرغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ مەركىزىدە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان مارتىن لىيوتىر پرىنسىپلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن تىرىنت (1543-1563م) كېڭەش يېغىنى چاقىرىلدى. ئەمما بۇ كېڭەش يېغىنى دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق قارارىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن،تارىخى بويىچە بۇگۈنگە قەدەر نۇپۇزىنى ساقلاپ كەلگەن ئۆز ئالدىغان مۇستەقىل يۇنۇلۇش ۋە ئەقىدىسى بار ئۈچ نوقتىلىق چېركاۋغا ئورۇلۇپ كەلگەن "يېغىلىش" دولقۇنلىرى ئارىسىدىكى خرىستىئان كىمىسىنى توختىش ئۈچۈن پروتېستانتىتىن ئىبارەت يېڭى بىر چېركاۋ بۆلۈنۈپ چىقتى. بۇ ئۈچ چېركاۋدىن باشقا يەنە چەكلىك تەسىرگە ئىگە مارۇن، نىستورىيان، يەئقۇبىيە، تەۋھىدچىلەر تائىپىسى ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان چېركاۋلارمۇ بار.

مۇھىم پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

خرىستىئان ئەقىدىلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە خۇلاسىلەش مۇمكىن. ئەمما شۇ نەرسىنى بىلىش لازىمكى، بۇ نوقتىلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر- بىرىگە ئوخشىمىغان شەكىللەر بويىچە تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ:

✽ ئىلاھىيەت ۋە ئۈچ بىر گەۋدە ئەقىدىسى: گەرچە خرىستىئان دىنى ئەسلىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ۋىجدان ساپلىقىغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە كۆڭۈل بولىدىغان، ئەسلى ئېتىقادى ئىسلام دىنى بولغان، پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە: «پەيغەمبەرلەر بىر ئاتا، باشقا- باشقا ئانىلاردىن بولغان قېرىنداشلاردۇر، ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر» دېگەن بىر دىن بولسىمۇ، ئەسلى ئىنجىلنىڭ يوقاپ كىتىشى ۋە ئونلىغان ئىنجىللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، يىغىلىشلار، ئازغۇن چاقىرىقلار نەتىجىسىدە خرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە مۇقىملاشقان:

- ئىلاھ: ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى، كۆرۈنىدىغان، كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ياسىغۇچىسى بىر ئاللاھقا، ئىمان كەلتۈرۈش. ئۇلارنىڭ ئىمان قانۇنىدا مۇشۇنداق يېزىلغان. ئۇلارنىڭ "كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى" دېگەن سۆزلىرىنىڭ پەيلاسوپلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر، كۆرۈنىدىغان، كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، دېگەن بولسا، ئەڭ توغرا دېگەن بولاتتى. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار: ياسىغۇچى باشتا كۆرگەن مىسالغا ئاساسەن ياسايدۇ، ياراتقۇچى ئۇنىڭ ئەكسىچە مىسالى يوق نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.

مەسىھ: ئۇنىڭ (ئاللاھنىڭ) يىگانە ئوغلى ئىسا شەكلىدىكى مەسىھ بولۇپ، ئۇ ئالەملەردىن ئىلگىرى دادىسىدىن تۇغۇلغان، ياسالغان ئەمەس (يارىتىش ئورنىدا ياساش، ئىبارىسىنى قوللىنىدۇ- ت) (ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۇپۇرلۇقلىرىدىن پاكتۇر). ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەسىھنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلارمۇ بار (ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئېپتىرالىرىدىن پاكتۇر). قۇرئان كەرىم بۇ ئىككى مەزھەبكە ئىشارە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇقلىقىنى بايان قىلغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كاپىرلىقىغا چىقارغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھ نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھ نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى.»

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى»

- مۇقەددەس روھ: ھەزرىتى مەريەمگە بىشارەت بەرگەندە، مەسىھقا يۈيۈندۇرۇلغاندا كەپتەر شەكلىدە، مەسىھ كۆتىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەلچىلەرگە چۈشكەن مۇقەددەس روھ بولۇپ، ھازىرغىچە مەۋجۇت. ئۇلار ، چىركاۋلاردىكى ئىلاھ ۋە پوپلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدۇ، تەلىمات بېرىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل

www.munber.org

قىلىپ بىردۇ، ئاللاھنىڭ روھى ۋە ھاياتىدىن باشقا روھ يوق. ھەق ئىلاھ ھەق ئىلاھتىندۇر.

ئۈچ بىر گەۋدە (تەسلىس): ئۇلار، ئاتا ئىلاھ، بالا ئىلاھ ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت، ئۈچ بىر گەۋدىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار بۇنى "ئۈچ بىر گەۋدىدىكى ۋەھدانىيەت ۋە ۋەھدانىيەت ئىچىدىكى ئۈچ بىر گەۋدە" دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈنمۇ چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر خىل باتىل بىلجىرلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ نوقتىدا چوڭقۇر ئىختىلاپلارنى قىلىشقان. بۇ سەۋەبلىك بىر پىرقە يەنە بىر پىرقىنى كاپىرغا چىقارغان. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويىۋاتقانلىرىدىن يانمىغىنىدا ئاللاھ تائالا ھەممىسىنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»

✽ كىرىستىقا مىخلىنىش ۋە پىداكارلىق: ئۇلارنىڭ قارىشىچە مەسىھ مەخلۇقاتلارنى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ كىرىستىقا مىخلىنىپ ئۆلگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى قاتتىق ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئادالىتى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ يىگانىسى (ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ كۇپرىدىن يىراقتۇر) بولغان مەسىھنى ئاتىلىرى ئادەم ۋە ئىنسانلارنى خاتالىقلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئۇ كىرىستىقا مىخلانغاندىن كېيىن دەپن قىلىنغان ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈمنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاسمانغا كۆتىرىلىش ئۈچۈن تۇرۇپ كەتكەن.

ئاللاھ تائالا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ھەقىقى ۋە ئۇلارنىڭ داۋا قىلىۋاتقانلىرىنىڭ يالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«يەنە الله نىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبن مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى . بەلكى الله ئۇنى ئۆزتەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

✽ ھېساب ئېلىش: خرىستىئانلار، قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ئىشى ئاسماندا پەرۋەردىگارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان (ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بويىچە) مەسىھقا ھاۋالە قىلىنىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىدە ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى ئارىلاش بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ كىشىلەردىن ھېساب ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.



www.munber.org

✽ كىرىس: كىرىس ئۆلارنىڭ گىرىبى ھېسابلىنىدۇ. كىرىس يەنە نۇرغۇنلىرىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدۇر. ئۇنى كۆتىرىپ مىڭىش، ئۇلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ بەلگۈسى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ تۆۋەن، قاراشلىرىنىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ كىرىسنى يامان كۆرىشى، ئۇنى پەس سانىشى توغرا بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھى مىخلانغان، ئۇ ئازابلىرىغا سەۋەب بولغان نەرسە ئىدى. ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، مەسىھ دەپىن قىلىنغان قەبرىسىنى ئۇلۇغلاش، كىرىسنى تۇتقاندىن ئۇزۇنراق ئۇنىڭغا تۇپىرىقىغا بەدىنىنى سۈرتىشى تېخىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

✽ ھەزرىتى مەريەم: خرىستىئانلار ئىمان قانۇنىغا ئىلاۋە قىلىنغان مەسىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم بىنت ئىمراننى ئىلاھنىڭ ئانىسى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىبادەت قىلغاندا ئۇنىڭ رەسىمى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

✽ دىن: خرىستىئانلار خرىستىئان دىنىنىڭ يالغۇز ئىسرائىل ئوغۇللىرىغىلا قارىتىلمىغان، خەلقئارالىق بىر دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە بۇ ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەتتا ئىنجىلى، ئىسھاھ 10:6،5 بۆلەكلىرىدىكى مەسىھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ: "مىللەتلەرنىڭ يوللىرىغا يۈزلەنمەڭلار، سامىرىيلارنىڭ شەھەرلىرىگە كىرمەڭلار، بەلكى ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى ئازغۇن خوراپاتلار تەرەپكە ئاتلىنىڭلار."

✽ مۇقەددەس كىتاب: خرىستىئانلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشىنىدۇ:

ـ كونا ئەھد (كونا دەۋر): بۇ كىتاب تەۋراتنى، سىرلارنى بىلگۈچى كىشى، ئىسرائىل ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ خوشنىلىرىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلار ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ۋەسىيەت ۋە يولىيورۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ـ يېڭى ئەھد: پەقەت مەتتا، مەرقىس، لوقا، يۇھەننادىن ئىبارەت تۆت ئىنجىلنى، ئەلچىلەرگە مەنسۇپ رىسالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى ئەھدتە كونا ئەھدتىكى بىر قىسىم نوقتىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدىغان نوقتىلار بار. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدۇر. بۇ نوقتىمۇ ئۇلارنىڭ تائىپىلىرى ئارىسىدا ئېتىقاد ، بۆلەكلەرنىڭ سانى، رىسالىلەر ھەتتى تەۋراتنىڭ ساغلاملىقى ھەققىدىمۇ ئىختىلاپلار بار.

✽ ئەنئەنىۋي يېغىلىشلار: خرىستىئانلار ئەنئەنىۋي يىغىلىشلاردا قارار قىلىنغان مەيلى ئەقىدە ياكى ھۆكۈملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ سانى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلمىگەن.



www.munber.org

✽ مۇراسىم ۋە ئىبادەتلەر:

- ناماز: ئۇلارنىڭ نامازلىرىنىڭ ھەممىسى رەببانى نامازلار بولۇپ، نامازخان سەجدە ھالىتىدە تىلاۋەت قىلىدۇ ياكى مەيلى رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەر ياكى ئەقلى سۆزلەر بولسۇن، شۇ سۆزنى ئوقۇشنى نىيەت قىلىدۇ، قەلبىدە ئوقۇيدۇ. بۇ نامازلارنىڭ سانى ۋە ئادا قىلىنىش يوللىرى ھەققىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كەتكەن ئىختىلاپلار بار. ئەتىگە ۋە ئاخشامغا مەركەزلەشكەن ئىككى ۋاقىت نامازنىڭ تۇراقلاشقان سانى يوق.

- روزا: ياغلىق تاماقلار، ھايۋان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ گوشلىرىدىن يىراقلىشىپ، يالغۇز باقلە يېيىشنىلا كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭمۇ مۇددىتى ۋە تۇتۇلۇش ئەھۋالىمۇ بىر پىرقىنىڭ ئىككىنچى بىر پىرقىگە ئوخشىمايدۇ..

- خەتنە قىلىش: خرىستىئانلار تەۋرات شەرىئىتىنىڭ ئەكسىچە باللارنى خەتنە قىلماسلىقتا ئىشىنىدۇ.

✽ يەتتە سىر: بۇ سىر ئارقىلىق خرىستىئان كىشى كۆتۈلمىگەن نېمەتلەرگە كۆتىلىۋاتقان نېمەتلەر شەكلىدە ئېرىشىدۇ. بۇ ئىش يالغۇز قانۇنلۇق راھىپ ئارقىلىقلار تاماملىنىدۇ. شۇنىڭ ھەر بىر خرىستىئاننىڭ بۇنى ئېلىپ بېرىشى ۋاجىبتۇر، ئۇنداق بولمىغاندا ئىمانى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. خۇلاسىلىگەندە بۇلار ئاللاھ تائالا نازىل قىلمىغان، پاپالار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان بىر قاتار قانۇنلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

- يۇيۇلدۇرۇشنىڭ سىرى: بۇنىڭدا، يىلتىز تارتىپ كەتكەن خاتالىقلاردىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن باللارنى تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئىلاھ، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ياكى سۇ چېچىش كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ باللارغا قىسمەن ھۆرلۈك ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش قودرىتى بېغىشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭمۇ ئىجرا قىلىش شەكلى ۋە ۋاقتى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ۋاقىت يوق.

- مىرون مېيى بىلەن مايلاشنىڭ سىرى: بۇ پەقەت بىر قېتىملا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىنجىل ئايەتلىرى ئوقۇلغان سۇغا چىلاش ئۇنىڭسىز تولۇقلانمايدۇ. ئوقۇلغان سۇدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، راھىپ چىلانغۇچىنىڭ بوغۇم ۋە ئەزالىرىدىن ئوتتۇز ئالتە يەرنى مۇقەددەس مىرون مېيى بىلەن مايلايدۇ.

- رەبباني كەچلىك تاماقنىڭ سىرى: ھاراق ياكى سۇ بىلەن قۇرۇق ناندا بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ داۋالىرىغا كۆرە سۇ ياكى ھاراق مەسىھنىڭ قېنىغا، نان ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېگۈچىلەر مەسىھنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىمۇ ئۇلارنىڭ پىرقىلىرى ئۆزگىرىش، ھەتتا كەچلىك تاماقنىڭ ئۆزى ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشىدۇ.

www.munber.org

- ئىتىراپ قىلىشنىڭ سىرى: بۇ دىن ئادەمگە بىرسىنىڭ كىلىپ يىقىنلاشقان بارلىق خاتالىق ۋە گۇناھلارنى ئىيتىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئىيتىپ بولغاندىن كىيىن مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە جازانىڭ ئەمەلدىن قىلىشى ئۈچۈن پاكلاش ئىلىپ بىرىلىدۇ. بۇ تۆردىكى ئىتىراپ قىلىش ئىشى ھايات بويىچە قانچە قىتىملاپ ئىلىپ بىرىلاتتى. 1215-يىلىغا كەلگەندە ئەڭ ئاز بولغاندا ھايات بويىچە بىر قىتىم بۇنى ئادا قىلىش ۋاجىب. ئۇلارنىڭ بۇ ئىبادىتىنىڭمۇ ۋاجىبلىقى بىلەن ئەمەلدىن قىلىشى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ قىلىنغان.

- ئۆيلىنىشنىڭ سىرى: خرىستىئانلىقنىڭ دەسلىۋىدە جائىز، دەپ قارىلىدىغان كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەش بىلەن بىرگە بىر خوتۇن ئىلىشقا رۇخسەت قىلىندۇ. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ئورنىتىش ئۈچۈن راھىبنىڭ تويغا قاتنىششى شەرت قىلىندۇ. تالاق قىلىش زىنا ئەھۋالى كۆرۈلگەن شارائىتتىلا جائىز بولىدۇ (بۇ نوقتىدىمۇ ئىختىلاپ بار)، تالاقتىن كىيىن ئىككىنچى قىتىم ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ ئايرىلغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۆيلىنىشكە بولىدۇ. ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى خرىستىئان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى ئايرىۋىتىش جائىز بولىدۇ.

- كىسەللەرنى سىلاپ قويۇشنىڭ سىرى: بۇ ئالتىنچى سىر بولۇپ، بۇنىڭدا خاتالىقتىن ئىبارەت روھىي ئىللەتلەردىن كىلىپ چىققان بەدەندىكى كىسەللىكلەرنى ساقايتىشنى داۋا قىلىدۇ. راھىپ كىسەلنىڭ ساقىيىش رىغبىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانماي تۇرۇپ، يەتتە قىندىل نامىزىنى ئوقۇمايدۇ.

- ھاخاملارغا خاس سىر: بۇ سىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا كۆرە ئىنسان مەسىھنىڭ رىسالىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنسان قىرىنداشلىرى ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن لايىق بولغان نىمەتكە ئىرىشىدۇ. بۇ ئىش پەقەت ئىپىسكوپنىڭ قولىنى تاللانغان كىشىنىڭ بىشىغا قويۇشى، ئارقىدىن ھاخاملارنىڭ ئادىتى بويىچە مەخسۇس دۇئالارنى ئوقۇشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

✽ موناستىرلىق: خرىستىئان تائىپىلىرى دىنى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاتىۋالىدىغان موناستىرلىقنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىدۇ.

✽ ھاخاملار تۈزۈمى: ھاخاملىق تۈزۈمى مەسىلىسىدە ھەر بىر چىركاۋ (پىرقە) يەنە بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن بۇ تۈزۈم چىركاۋنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە روملىقلاردىن ئىستىئارە ئالغان تۈزۈم بولۇپ، مەسىھنىڭ قايتىپ كىلىشىگە بولغان ئۈمىدكە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ياشتا چوڭلىرى باشلىق بولاتتى. راھىبلىرىنى، چىركاۋ كىشىلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرەتتى، ئۇلارغا دىنى ۋە مەغپىرەت قىلىش ھۆججىتى بىرىش جەھەتتە شەرتسىز ھوقۇق بىرەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.org

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى.»

✽ بىدئەتچىلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش: چىركاۋ، ئىلىم-پەن، يېڭى بايقاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋنى چۈشىنىشكە ئورۇنغان بارلىق يېڭىچە ئورۇنۇشلارغا قارشى ئورۇش ئاچتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىدئەتچىلىك بىلەن ئەيىبلىدى. بۇ ئېقىملارغا قارشى زوراۋانلىق ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى قاتتىق قوللۇقلارنى قوللاندى. نەتىجىدە سىكولارىزم مەزھەبلىرى ۋە دىنسىزلىق ئىدىيىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان كۈچلۈك ئىنكاسلارنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە سەۋەب بولدى.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئۇنىڭ ئاساسى كونا ئەھدىنىڭ تېكىستلىرى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ روھ ۋە تەلىماتلىرى ئەكس ئەتتى. چۈنكى خرىستىئان دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ تولۇقمىسى سۈپىتىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنجىللىرىدا بايان قىلىنغىنىغا كۆرە، ئازغان ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ خۇراپاتلىقلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەخسۇس كىتاب ئىدى.

-مىلادىي 242-يىلى ۋاپات بولغان ئەمنىيوس خرىستىئان دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇددىزمغا ئائىت پىكىرلەرنى كىرگۈزىۋەتتى ۋە يەنە رومان بۇددىزمىغا قايتىۋالدى.

- رومانلار خرىستىئان دىنىغا كىرگەندە ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە پەلسەپىۋي ئىزدىنىشلىرى ۋە بۇددىزمغا ئائىت مەدەنىيەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە ئۇلارنى خرىستىئان دىنى بىلەن يۇغۇرىۋەتتى. خرىستىئان دىنى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىكمىسىگە ئايلاندى.

- مىلادىي 325-يىلى نىيقىيا كېڭەش يىغىنى تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسى كۆپلىگەن پىكىرلىرىنى شەرق پەلسەپىسىدىن قوبۇل قىلغان يېڭى ئەفلوتىنچىلىك ئېقىمىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت ئىدى. مىلادىي 270-يىلى ۋاپات بولغان ئەفلوتىننىڭ ئۇنىڭ ئېتىقادلىرىغا بولغان تەسىرى خېلىلا كۆرىنەرلىك ئىدى. ئەفلوتىن ئىسكەندەرىييەدە ئوقۇغان، كېيىن ئىران، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارغان ۋە ئۇ يەردىن كاللىسىدا رەڭگا رەڭ مەدىنىيەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئۇ سۆزلەرنىڭ بىرى، ئالەمنىڭ ئۇنىڭ كونتروللىقىدا ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئۈچ نەرسىگە تايىنىدىغانلىقىدۇر:



www.munber.org

1- تۈنجى ئەبەدىي بەربا قىلغۇچى.

2- ئەقىل.

3- بارلىق روھلارنىڭ تارقىلىق چىقىش مەنبەسى بولغان روھ.

ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىنى سالدۇ. چۈنكى تۈنجى ئەبەدىي بەربا قىلغۇچى: ئاللاھ ئەقىل: ئوغۇل، روھ: مۇقەددەس روھتۇر.

- خرىستىئان دىنى مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئىراندا مەۋجۇت بولغان مىتراس دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ دىنمۇ رەببانىي كەچلىك تاماق ھېكايىسىگە ئوخشاشلا بىر ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- ھىندى دىنىدىمۇ ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسى، خاتالىقلارنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن كىرىسقا مىخلاش، زاھىدلىق، راھىبلىق ۋە ئاسمان- زېمىننىڭ پەرىشتىلىرى قاتارىغا كىرىش ئۈچۈن مال- مۈلۈكتىن قورتۇلۇش.. قاتارلىقلار بار. ھىندى دىنىدىمۇ ئىلاھنىڭ ئۈچ ئىسمى بار بولۇپ، ئۇلار: فىشنو يەنى قوغدىغۇچى، سىيفا يەنى ۋەيران قىلغۇچى ۋە بىرەھما يەنى پەيدا قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن خرىستىئان دىنىغا سىڭىپ كىردى.

- خرىستىئان دىنىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان بۇددىزم دىنىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئىدىئولوگىيىلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن خرىستىئان دىنىغا يۆتكىلىپ كىرگەن. دىنلار ئارا سېلىشتۇرمىشۇناسلىق ئىلمىي بۇزانىڭ شەخسىيىتى بىلەن مەسىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ ئوخشاشلىقلارنى بايقايدۇ. (مۇھەممەد تاھىر تەنىيرنىڭ "خرىستىئان دىنىدىكى بۇددىزم ئەقىدىلىرى" ناملىق كىتابىغا قاراڭ.)

- قەدىمقى بابىللىقلارنىڭ ئەقىدىلىرىمۇ خرىستىيان دىنىغا ئارىلىشىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭدىكى قوياش ئىلاھى لەبئەلنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىشى مەسىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىشىغا ئوخشاش ۋە دەلمۇ دەل كېلىدۇ.

- خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، خرىستىئان دىنى ئۆزىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان دىن ۋە ئېتىقادلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن پىكىر قوبۇل قىلغان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئاساسلىق مېغىزى ۋە شەكلىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

✽ خرىستىئان دىنى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىغا تارقالغان. ئۇ بۇ دەرىجىدە كۆپ تارقىلىشىغا مۇستەملىكە ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئىمكانلارغا ئىگە

www.munber.org

خەلقئارا سەۋىيىلىك چوڭ مۇئەسسەسەلەر تەرىپىدىن يارىدەمگە ئېرىشكەن مىسسىئونېرلىق ھەرىكىتى سەۋەپ بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ئۈچ بىر گەۋدە ئەقىدىسى ھەۋارىيلار (ئەلچىلەر) دەۋرىدە يوق ئىدى. فرانسىيە مائارىپ قامۇسى مۇنداق دەيدۇ: "مەسىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى بىلەن تونۇشقان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان دەسلەپكى شاگىردلىرى ئۇنىڭ ياراتقۇچىنىڭ زاتىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ ئاساسىنىڭ بىرى، ئىككەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېتىقادتىن يىراق كىشىلەر ئىدى. بۇتروس ئۇنىڭ ھەۋارىيلىرىنىڭ بىرى ئەمەس ئىدى، ئۇ مەسىھنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيى قىلىنىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىدىن ئارتۇق بىر نەرسىلەرنى دەپ تەبىرلەيتتى." بۇنىڭغا جوستىن ماراستىرغا ئوخشىغان قەدىمقى تارىخچىلارنىڭ سۆزلىرىمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز دەۋرىدە چىركاۋدا ئىسا مەسىھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۇنى پەقەت ئىنسان، دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭ باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ئاللاھدىلىككە ئىگە، دەپ ئېشىنىدىغان مۆمىنلەر بار ئىدى. ئۇلاردىن يېڭى ئىشلار يۈز بەردى. ھەر قېتىم بىر قانچىلىغان بۇددىست خرىستىئان دىنىغا كىرگەندە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئەقىدىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولدى."

✽ بىر تەرەپتىن زورۇۋانلىقلار، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقنىڭ پەلسەپە، مەدەنىيەتلىرى ۋە بۇددىزم قاتارلىقلار بىلەن سۈركىلىش، تەسىر قوبۇل قىلىشلار نەتىجىسىدە ئىنجىلنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن خرىستىئان دىنىغا ئىختىلاپقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار، بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى تېكىستلەرنى يۈكلەپ قويىدى. بۇ ئەھۋال، نە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن، نە ئۇنىڭ ھەۋارىيلىرىدىن رىۋايەت قىلىنمىغان شەكىلدە دىنىنىڭ ئاساسى ۋە قائىدە- قانۇنىيەتلىرىنى بىكىتىش ئۈچۈن چاقىرىلغان خىلمۇ خىل كېڭەش يىغىنلىرىدىن مانا مەن، دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

✽ بولىسنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى خرىستىئان دىنىغا ھۆكۈمران بولىۋالدى؛ دابلىيو رىيد مۇنداق دەيدۇ: "بولىس خرىستىئان دىنىنى ئۇنىڭ ئىككىنچى تەسىس قىلغۇچىسى، دېگىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. دەرۋەقە ئۇ چىركاۋ خرىستىئانلىرىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئىدى." ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى لونى دېنىئىل، ستون ئىستىيورت، جىمبىرلىن قاتارلىقلارمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. بولىس خرىستىئان دىنىغا يەھۇدىيلارغا ئائىت دائىرىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى ۋەيران قىلىشتا ھەسسە قوشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسا نامىدا تەسىس قىلىنغان چىركاۋلارنىڭ ياراتقۇچىسى سانىلىدۇ. لوني نېيىك: "ئەگەر بولىس بولمىغان بولسا، خرىستىئان دىنى يەھۇدى دىنىنىڭ بىر پىرقىسى بولۇپ قالغان، يەر شارى خاراكتېرلىق بىر دىن بولمىغان بولاتتى." دەيدۇ.



www.munber.org

✽ بولىسنىڭ خەتلىرىدىكى بەرنابا ۋە بوتروس ھەققىدە زىكىر قىلىنغان نوقتىلارنىڭ ھەممىسى ئايرىلىپ كىتىشتىن ئىلگىرى ئىشلار ئىدى. چۈنكى بولىسنىڭ لوقا، يوھەنناغا ئوخشىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قىلىشىدىن كېيىنكى تارىخنى يۇشۇرۇشتا ناھايىتى زور رولى بولغان. بۇ قاراشنى بىرىتانىيە مائارىپ قامۇسىمۇ كۈچلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بولىسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بولىسقا قارشى چىققان بەرنابا ۋە بوتروسقا ئوخشىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ تارىخنى يوشۇرۇپ قالغان، دېيىلىدۇ.

- بوتروسقا مەنسۇپ، دەپ قارىلىدىغان ئىككى پارچە رىسالە بولۇپ، بوتروس بۇ رىسالىلىرىدە بولىسنىڭ پىكىرلىرىگە ئويغۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بىرىتانىيە مائارىپ قامۇسى ئۇ رىسالىلەرنىڭ بولىسقا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىككى پارچە رىسالە ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭغا بوتروسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى يىل، ئاي، كۈننىڭ يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ئىككى رىسالىنى روما چىركاۋى مىلادىي 264-يىلىغا كەلگۈچە قوبۇل قىلمىغان. ئىسكەندەرىيە چىركاۋى ئۈچىنچى ئەسىردە بۇ ئىككى پارچە رىسالىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇنىڭدەك ئالىملار، يەئقۇبقا مەنسۇپ دەپ قارالغان رىسالىنىمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە يەئقۇب بولىسقا تەۋرات شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت بېرىش ۋە تەۋرات شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغان.

✽ مىلادىي 335-يىلى نىيقىيادا چاقىرىلغان توپلىنىشتىن ئىلگىرى ھازىرقى خرىستىئانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىنجىللار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق ئىدى. بۇلار نىيقىيا يىغىنىدا ئونلىغان ئىنجىللار ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان. ئەمما، يەتتە رىسالىگە كەلسەك، مەزكۇر كېڭەش يىغىنىمۇ ئۇنىڭ كۆپىنچىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ رىسالىلەر كېيىنچە ئېتىراپ قىلىنغان.

- بۇ ئىنجىللارنىڭ يازغۇچىلىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شاگىرتلىرى ئەمەس بولۇپ، بۇلارنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئارىسىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى بار، تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىلنىڭ ئەسلى نوسخىسى يوقاپ كەتكەن، بۇلاردىن باشقا بىر ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرىنىڭ باشقا ئىنجىللارنىڭ تېكىستلىرى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ قېلىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرىمۇ بىر- بىرى بىلەن قارىمۇ قارشى يەردىن چىقىپ قالىدۇ. يۇقىرىقى نوقتىلارنىڭ ئىنجىللارئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلغان، دېگەن سەپسەتىلەرنى يوققا چىقىرىدۇ.

- ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندا، تېخىمۇ كۆپ قارىمۇ قارشىلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ قارىمۇ قارشىلىقلار بىر ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرى ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىنجىللار ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنجىلنىڭ

www.munber.org

تېكىستلىرى ئەلچىلەرنىڭ، دەپ داۋا قىلىنىۋاتقان رىسالىلەر بىلەن، بۇ رىسالىلەر كونا ئەھدىنىڭ تېكىستلىرى بىلەن تېپىشىپ قالىدۇ. مانا بۇلارنىڭ مەيلى پىلانلىق ياكى پىلانسىز ھالدا بولسۇن ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ ۋە شۇنداق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

- بۇلاردىن باشقا تۆت ئىنجىلدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئەمەس، ئىنسان ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس، ئىنساننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، تولۇقلاش ئۈچۈن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان يۈزلىگەن تېكىستلەر بار.

- بۇنىڭدىن سىرت يەنە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستا مىخلانمىغانلىقى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ قوتقۇلدۇرۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە، مەغپىرەت قىلىش ئەقىدىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە، مەغپىرەتنىڭ تەۋبە ۋە سالىھ ئەمەللەر بىلەن ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەتتا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىشارەت بەرگەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرى بار.

- ھەتتا رىسالىلەردە بولسىنىڭ ئىنجىلنىڭ ئۆزگىچە ۋەھيى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلجىرلىشىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكىرلىرى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قانچىلىغان تېكىستلەر بار.

✽ سىياسەت ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئوخشىمىغان يىغىلىشلار ئارقىلىق چىركاۋنىڭ ئەقىدىلىرىنى بېكىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى، شەرق چىركاۋى بىلەن غەرب چىركاۋى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئەقىدىنى مەسىلىلىرىگە قارىغاندا ئۆزىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنۇشتىن كۆپرەك نەسۋە ئالغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

✽ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئايىتىدە خرىستىئانلارنىڭ ھەزرىتى مەريەم ھەققىدىكى ئىپتىرالىرى ۋە سۆزلىرىنىڭ، ئوخشىمىغان مەزھەبلىرى بويىچە مەسىھكە بولغان ئېتىقادلىرىنى زىكىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە ئۇلارنى دىنىدا چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىككە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدە توغرا، ھەق بولمىغان سۆزلەرنى قىلماسلىققا چاقىرغان.

✽ ئومۇمەن خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا ئەھلى كىتاب، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكۈملىرىمۇ ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقاردى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈردى. ئۇلار بۇ سۈپەتلىرى بىلەن كاپىرلاردۇر، ئۇلار جەھەننەمگە لايىقتۇر، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.org

«ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاختا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر.»

ئەمما ئۇلار دىنىمىز سەۋەبلىك بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان، ۋەتەنلىرىمىزدىن بىزنى قوغلاپ چىقارمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىنسان، ياخشىلىق ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىنىدۇ، تاماقلىرى يېيىلىدۇ، ئاياللىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار دىيارىدا ياشايدىغان بولسا، كىلىشىمنى بۇزمىغان بولۇشى شەرتى ئاستىدا، بىخەتەرلىككە ئىگە قىلىنىدۇ، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتە مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەگەر كىلىشىمنى بوزۇپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدە ۋە كۇپۇرلۇقلىرىغا چاقىرىش، مەسىلەن دىنغا ھاقارەت قىلىشقا ئوخشىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا تىگىش قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، پىتنە تۇغەپ، دىن تامامەن ئاللاھنىڭ بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىم.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- قۇرئان كەرىم.
- يېقىن شەرق مۇقەددەس كىتاب نەشرىياتى: الكتاب المقدس.
- ئاب جان كىلىي: دليل إلى قراءة تاريخ الكنيسة، مەشرىق نەشرىياتى- بېيرۇت، 1984م.
- جون لورىمىر: تاريخ الكنيسة، مەدەنىيەت نەشرىياتى- قاھىرە.
- زەكىي شەنۇدە: موسوعة تاريخ الأقباط، ئەنگىلىش نەشرىياتى- قاھىرە.
- مائارىپ قامۇسى.
- ئىبىن كەسىير: البداية والنهاية.
- شەيخۇل ئىسلام ئىبىن تەيمىيىيە: الجواب الصحيح لمن بدل دين المسيح، مەدەنىي نەشرىياتى- قاھىرە.
- ئىبىن قەييۇم ئەلجەۋزىييە: هداية الحيارى في أجوبة اليهود والنصارى، (بۇ كىتاب د.ئەھمەد ھىجازىي تەرىپىدىن تەھقىقلانغان)، قەييىمە كىتابخانىسى- قاھىرە.
- ئىبىن قەييۇم ئەلجەزىييە: إغاثة اللهفان في مصايد الشيطان، مۇستەفا بابى ئەلھەلەبىي كىتابخانىسى- قاھىرە.
- شەھرىستانىي: الملل والنحل، بېيرۇت باسمىسى.
- ئىبىن ھەزم: الفصل في الملل والأهواء النحل، مەرىپەت نەشرىياتى- بېيرۇت.

www.munber.org

- مۇھەممەد تاھىر تەنىر: العقائد الوثنية في الديانة النصرانية (د.ئابدۇللاھ ئەششەرقاۋىي تەرپىدىن تەھقىقلانغان) ئۇيغىنىش نەشرىياتى- قاھىرە.

- مۇھەممەد فۇئاد ئەلھاشىمىي: الأديان في كفة الميزان.

- بەرنا ئىنجىلى (پروفىسسور، دوكتور مەھمۇد كرىيت تەرپىدىن تەھقىقلانغان)، شەباسۇل مىلھ- قاھىرە.

- ئابدۇرراھمان زادە: الفارق بين المخلوق والخالق.

- شار جىينىبىر: المسيحية نشأتا وتطورها، د.ئابدۇلھەلىيم مەھمۇد تەرجىمىسى، مائارىپ نەشرىياتى- مىسىر، 1981م.

- مۇھەممەد تەقىي ئۇسمانىي: ماهي النصرانية، دارۇل ئۇلۇم كىتابخانىسى- كاراچى، 1403ھ.

- ھەبىيب سەئد: أديان العالم، قاھىرە ئېپىسكوپ چېركاۋىي يېزىش تارقىتىش نەشرىياتى، 1977م.

- د.رەئۇف شەلەبىي: يا أهل الكتاب تعالوا إلى كلمة سواء، ئىئتىسام نەشرىياتى- قاھىرە، 1980م.

- د.سەئىيد ئابدۇلفەتتاھ ئاشۇر: أوربا في العصور الوسطى، مىسىر ئەنجىلو كىتابخانىسى، 1991-يىل باسمىسى، بىرىنچى قىسىم: سىياسىي تارىخ، ئىككىنچى قىسىم: ھازارەۋە تۈزۈم.

- د.سەيىيد ئەلباز ئەلئەرىينى: تاريخ أوربا العصور الوسطى، ئەرەب گۈللىنىش نەشرىياتى- بېيرۇت، 1968م.

- د.نەسىيم جۆزىيف: تاريخ الدولة البيزنطية، مىسىر ئەنجىلو كىتابخانىسى.

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: النصرانية من الواحد إلى المتعدد، بەيتۇل ھېكمە- قاھىرە.

چەتئەل مەنبەلىرى:

- Robertson: Pagan Christ's.

- Berry: Religions of the World.

- Berry: A History of Freedom of Thought.

- Pleader: The Early Christian Conception of Christ.

- T.W. Duane: Bible Mythology.

www.munber.org

- Harnak: What is Christianity?
- Encyclopedia of religion and Ethics.
- Khwaja Kamaluddin: The sources of Christianity.
- H. Maurice Renton: Studies in Christian Doctrine.

www.munber.org